# بۇ ئىككى قەبرىدىكى كىشى ئەلۋەتتە ئازابلىنىۋاتىدۇ، بۇلار كۆرۈنۈشتە چوڭ بولغان بىر ئىشتا ئازابلانمايۋاتىدۇ، ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرى كىچىك تاھارەتتىن پاكلانمايتتى(يەنى سۈيدۈكتىن تولۇق ساقلانمايتتى) يەنە بىرى: كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىق قىلاتتى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئىككى قەبرىدىكى كىشى ئەلۋەتتە ئازابلىنىۋاتىدۇ، بۇلار كۆرۈنۈشتە چوڭ بولغان بىر ئىشتا ئازابلانمايۋاتىدۇ، ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرى كىچىك تاھارەتتىن پاكلانمايتتى(يەنى سۈيدۈكتىن تولۇق ساقلانمايتتى) يەنە بىرى: كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىق قىلاتتى»، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خورمىنىڭ بىر تال ھۆل شېخىنى ئېلىپ ئوشتۇپ ئىككى پارچە قىلىپ ھەر بىر قەبرىگە بىر تالدىن سانچىپ قويدى. ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلدىڭلا؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«بۇ ئىككى شاخ قۇرۇپ قالمىغان مۇددەتتە ئۇلاردىن ئازاب يەڭگىللەمدىكىن دېگەن ئۈمىتتە شۇنداق قىلدىم» دېدى.

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن بۇ ئىككى قەبرىدىكى كىشى ئازابلىنىۋاتىدۇ، بۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كاتتا بولغان، ئەمما سىلەرنىڭ قارىشىڭلاردا چوڭ بولمىغان بىر ئىشتا ئازابلىنىۋاتىدۇ. ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ بەدىنى ۋە كىيىمىنى كىچىك تەرەتتىن پاك ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن. يەنى كىچىك تەرەت قىلغاندا سۈيدۈكتىن تولۇق ساقلانمىغان. يەنە بىرى: كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىق قىلاتتى. يەنى كىشىلەر ئارىسىدا جېدەل-ماجرا، ئىختىلاپ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ سۆزىنى باشقىلارغا يۆتكەيتتى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3010